# جېننم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى! ئەگەر سىلەر داۋاملىق مېنىڭ يېنىمدىكىدەك زىكىردە بولساڭلار، پەرىشتىلەر ئۆيۈڭلار ۋە يولۇڭلارغا كېلىپ، سىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن بولاتتى. ئى ھەنزەلە ئەمما ئىنسان بەزىدە ئۇنداق، بەزىدە مۇنداق بولىدۇ

ئەبۇ رۇبئى ھەنزەلە ئىبنى رۇبىئ ئەلئۇسەيدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كاتىبلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېگەن: ئەبۇ بەكرى ماڭا ئۇچراپ قېلىپ: ئى ھەنزەلە قانداق ئەھۋالىڭ؟ دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا: ھەنزەلە مۇناپىق بولدى، دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ: سۇبھانەللاھ نېمە دەۋاتىسەن؟ دەپ سورىدى. مەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە دوزاخ بىلەن جەننەتنى ئەسلەتكىنىدە، ئۇلارنى كۆزىمىز بىلەن كۆرۈۋاتقاندەك بولىمىز. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن چىققىنىمىزدا، ئاياللىرىمىز، ماللىرىمىز ۋە بالىلىرىمىز بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىپ، كۆپ نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قالىمىز، دېدىم. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ بەكرى: ئاللاھ نامىدىن قەسەم قىلىمەنكى بىزدىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىۋاتىدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ بەكرى ئىككىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدۇق. مەن سۆزۈمنى باشلاپ: ئى رەسۇلۇللاھ ھەنزەلە مۇناپىق بولدى، دېگىنىمدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ساڭا نېمە بولدى؟ دەپ سورىدى. مەن: ئى رەسۇلۇللاھ! يانلىرىدا ئولتۇرغىنىمىزدا جەننەت بىلەن دوزاخنى ئەسلەتسىلە، خۇددى ئۇلارنى كۆزلىرىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك بولىمىز. ئەمما سىلىنىڭ يانلىرىدىن چىققىنىمىزدا، ئاياللىرىمىز، ماللىرىمىز ۋە بالىلىرىمىز بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىپ، كۆپ نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قالىمىز، دېدىم. بۇنى ئاڭلىغان رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى! ئەگەر سىلەر داۋاملىق مېنىڭ يېنىمدىكىدەك زىكىردە بولساڭلار، پەرىشتىلەر ئۆيۈڭلار ۋە يولۇڭلارغا كېلىپ، سىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن بولاتتى. ئى ھەنزەلە ئەمما ئىنسان بەزىدە ئۇنداق، بەزىدە مۇنداق بولىدۇ، دېدى ۋە بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەنزەلە ئەبۇ بەكرىگە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا بولغاندا، ئاللاھ تائالانى ئەسلەپ، ئىخلاس ۋە تەقۋادارلىق جەھەتتە بىر خىل يۈكسەك ھالدا، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىن ئايرىلغاندا، ئايال، بالا-چاقىلار بىلەن بىللە بولغاندا، ئەھۋالى ئۆزگىرەپ يەنە بىر خىل ھالدا بولىدىغانلىقىدىن نارازى بولغانلىقىنى بايان قىلغان ۋە بۇنىڭ مۇناپىقلىق بولىشىدىن ئەنسىرگەن. چۈنكى مۇناپىقنىڭ ماھىيىتى، ئىچكى دۇنياسى بىلەن تاشقى دۇنياسى ئوخشاش بولماسلىق ئىدى. بۇلار بۇ خىل ئەھۋالدىن شىكايەت قىلىپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بارغان. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: ئەگەر سىلەر ھۇزۇرۇمدىكى ھالىتىڭلاردا ئىزچىل بولساڭلار ئىدى، پەرىشتىلەر سىلەر بىلەن ھەر ۋاقىت قول ئېلىشىپ كۆرشۈپ تۇرغان بولاتتى، لېكىن ھەر ئىشتا ئورتاھال بولۇش ياخشى ئىكەنلىكىنى، بىر ۋاقىت ئاللاھ تائالانى ئەسلەشكە بەرسە، يەنە بىر ۋاقىتنى ئائىلىسى ۋە بالا-چاقىسىغا بېرىش توغرا ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee